# كەلگۈسى كۆزلەنگەن، ئەمەلىي بولغان دەۋر پىلانى

## —— پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن خاتىرە

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يىغىن مەيدانى ئورۇنلاشقان جاي جىڭشى مېھمانخانىسىدا ساپ، ئاددىي ـ ساددا يىغىن ئىستىلى نامايان بولۇپ تۇراتتى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ياتاقلىرى ئىنتايىن ئاددىي ـ ساددا ئىدى، ئاشخانا كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ، غىزالىنىشتا «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. تارىختا ئۆتكەن دۆلەتلەرگە نەزەر سالساق، تېجەشلىكتىن گۈللەنگەن، ھەشەمەتچىلىكتىن خارابلاشقان. باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىق قىلمىشىنى چەكلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇنىڭ تاپىلىشى چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: «ئىلگىرى پارتىيەمىز جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىقتىسادچان ـ تېجەشلىك بولۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا چىقاردى. ھازىر بىز يەنىلا مۇشۇنداق ئىدىيە بىلەن خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادچىل تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى مەقسىتى پۇقرالارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش، بۇنى پارتىيەمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە خاراكتېرى بەلگىلىگەن».

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئومۇمىي يىغىننىڭ 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى خەلق سارىيىدا ئېچىلدى.

«بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئومۇمىي يىغىننىڭ ئىككى تۈرلۈك قارالمىسى بار.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاۋازى يىغىن مەيدانىدا ياڭرىدى.

«ھازىر بىرىنچى قارالما ئېلىپ بېرىلىپ، ‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى(دەسلەپكى لايىھە)› قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىدۇ».

يىغىنغا قاتناشقان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى بىردەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

«ماقۇللاندى!» باش شۇجى شى جىنپىڭ تەنتەنىلىك جاكارلىدى.

«ھازىر 2 ـ تۈرلۈك قارالما ئېلىپ بېرىلىدۇ، ‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى(دەسلەپكى لايىھە)› قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىدۇ».

ئاخباراتمۇ ئوخشاشلا بىردەك ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان ‹تەكلىپ› ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشتىكى پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ‹تەكلىپ›تە بېكىتىلگەن تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلار ۋە خىزمەت تەلەپلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت».

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى، بۇ پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەتتە ئۆزگىرىش بىلەن ئۆزگەرمەسلىكنىڭ مۇناسىۋىتى چوڭقۇر ئىگىلەنگەن بولۇپ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش —

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان باسقۇچ. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدۇ.

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى دەل ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان باسقۇچ. بۇ، دۆلىتىمىز تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.» «يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش تارىخىي مۇساپىسىدىكى زور ھالقىش.»

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش —

ئىلگىرىكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، GDPنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۆلىتىمىزنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنىڭ «دىرىژورلۇق تايىقى» بولۇپ كەلدى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيە سىڭدۈرۈلگەن بەش يىل، ئىقتىسادىي تەرەققىيات «بولۇش ـ بولماسلىق»تىن «ياخشى بولۇش ـ بولماسلىق»قا ئۆزگەرمەكتە.

تەكلىپ نۇسخىسىدا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، تەرەققىيات مۇھىتى، تەرەققىيات شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئىلمىي ھۆكۈم. «جەزمەن تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتىكى تەرەققىياتتا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش شەرت، ئۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بولۇشى شەرت».

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش —

دۆلەت ئىچى چوڭ ئايلىنىشىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش تەكلىپ نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللاش، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكى بەرپا قىلىشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تاللاش».

«دۆلىتىمىزدە 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىستېمال بازىرى بولۇپ، غايەت زور ئېشىش بوشلۇقىغا ئىگە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بىز نۇرغۇن تاشقى خەۋپ ـ خەتەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدۇق، ئەڭ ئاخىرىدا خەۋپ ـ خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇشتا، ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، تەرەققىياتتا مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قويۇشقا تاياندۇق».

...

«بۇنداق بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئاسان ئەمەس، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىش شەرت، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۇختا، ئەستايىدىل بولۇش شەرت.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ سۆزى يەنە جۇڭگونىڭ يېڭى مۇساپىدە يېڭى مۆجىزە يارىتىشىدىكى «مەخپىي نومۇر».

«1 ـ بەش يىللىق پىلاندىن 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانغىچە، ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان باش تېما دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.» يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشقىچە، يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقىچە، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر توختىماي ئىزدىنىپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش غەيرىتى ۋە ئىرادىسى باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق جاكارلىدى: «بىز پات ئارىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملايمىز، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، كېلەر يىلدىن باشلاپ ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىمىز.»

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇلۇغۋار ئىشلىرىدا 100 يىل دەل جاسارەت ئۇرغىغان دەۋر.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ئاران 1 مىليون كىلوۋات ئىدى، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 2 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 2010 ـ يىلدىكىدىن تەخمىنەن 20 ھەسسە ئېشىپ، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ 2 ـ چوڭ تۈردىكى توك مەنبەسى بولۇپ قالدى.

گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ شامال ئېلېكترىدىن پايدىلىنىشنى تېزلەتتى. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇپ سودىلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ باشقا ئېنېرگىيەلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشنى سىجىل يولغا قويۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە توك مىقدارىنى ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شامال ئېلېكتر كەسپىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتر يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 39 مىليارد 140 مىليون كىلوۋات سائەتكە، شامال ئېلېكترىدىن پايدىلىنىش سائەت سانى 2175 سائەتكە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق شامال ئېلېكترىدىن پايدىلىنىش سائەت سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، نۆۋەتتە سىغىمچانلىقى 20 مىليون 99 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكەن شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 43 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ، بۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان توكنى تۆت يىلغا يېقىن قامدىيالايدۇ.

شامال ئېلېكترى پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 43 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت توك تەخمىنەن 14 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر كۆيدۈرگەندە ھاسىل بولىدىغان ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە باراۋەر بولۇپ، 37 مىليون 800 مىڭ توننا كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى، 119 مىڭ توننا گۆڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىدى، 100 مىڭ توننا ئازوت ئوكسىدىنى قويۇپ بېرىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ـ كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ ھېسابلىشىچە، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدا شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ يېڭىدىن 10 مىليون كىلوۋاتتىن كۆپرەك ئېشىشى مۆلچەرلەندى. شۇ چاغدا، شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 30 مىليون كىلوۋاتتىن ئېشىپ، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ تەخمىنەن 30%نى ئىگىلەيدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىي يىغىندا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يۈكسەك باھا بېرىلدى. «ئىنتايىن روھلاندۇق، ئىنتايىن ھاياجانلاندۇق، بىز بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە دېيەنزەن قىلىمىز!» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى قانۇن ـ نىزام ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن جىشياڭ مۇنداق دېدى: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مۇجەسسەملەپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئاكتىپلىق ھالدا ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تولۇپ تاشقان روھىي ھالەت بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتى پىلان ـ خامچوت باشقارمىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى بەختىيار ھىمىت مۇنداق دېدى: بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنى پىلانلاش ۋە قۇرۇشنى كەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ئۇچۇر تەھرىر ـ تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاۋ شۆجۈن مۇنداق دېدى: ئومۇمىي يىغىندا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يۈكسەك باھا بېرىلدى، بۇ، كىشىنى چەكسىز روھلاندۇرىدۇ! يېڭى مۇساپىگە قەدەم تاشلاپ، بىز تېخىمۇ تولۇپ تاشقان روھىي ھالەت ۋە تېخىمۇ ئەستايىدىل ـ ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتچىل خىزمەت ئىستىلى بىلەن «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاشقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى تەتقىقات ئىشخانىسى نەزەرىيە تەتقىقاتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سۈن چاۋ مۇنداق بىلدۈردى: بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز خىزمىتىمىزنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، پروفېسسور لى يەن مۇنداق دېدى: «تەكلىپ»تە دەۋرنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئەمەلىيەتنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان، خەلقنىڭ يېڭى ئۈمىدى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشتىكى پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلگىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بولۇپ، بىزنى كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە، تولۇپ تاشقان ئۈمىدكە ئىگە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى كارخانا نازارەت قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، 2 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى گاۋ خۇڭبى مۇنداق بىلدۈردى: بىز سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ئىدىيە ئاڭلىقلىقنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىدا ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنىنى تېزدىن قوزغايمىز.

«بىز قەتئىي تۈردە ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۇنۇملۇك جىپسىلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ شۇنداق بىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق جەددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مەردان مۇقىيت مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يەڭدۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پاراخوتى دولقۇن يېرىپ، قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يولداش شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يول باشلاپ رولچى بولسىلا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلسىلا، بىز چوقۇم ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا كۆرۈلگەن تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭەلەيمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى ئۇنىۋېرسال پىلانلاش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېن جيەنجۈاڭ مۇنداق دېدى: ئومۇمىي يىغىندا، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، قاتناش كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشنى تېزلىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز دىققەتنى «شىنجاڭنىڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىشنى تېزلىتىش» «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» «تۆتتە ياخشى يېزا يولى» قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، 2025 ـ يىلغا بارغاندا يول تورى قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشىمىز.

شىنجاڭ باج ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۈ جىن مۇنداق دېدى: بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تاشنى دومىلىتىپ تاغقا چىقىرىش، داۋان ئېشىپ ئۆتكەللەردىن ئۆتۈش جاسارىتىمىز ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز بىلەن باج خىزمىتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئەستايىدىل ياخشى پىلانلاپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

«ئومۇمىي يىغىندا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى، بىزنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل!» لوپ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى جوۋجوۋ مۇنداق دېدى: بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرىكىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، كەسىپلەر تەرەققىيات سىستېمىسىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۇنۇملۇك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

«ئومۇمىي يىغىندا ‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلدە، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، بەخت كۆرسەتكۈچىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭغاندا، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ!» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى شىنخۇا جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىخابا ئالدى كوچا مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى نۇربىيە ئوسمان.

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ يۈنمېي، جاۋ جيۈن، يۈەن لېي، فەن خۇڭيى، شى شىن، ليۇ يى، مېھرىگۈل غوپۇر، لۇ فېڭباۋ، مېھرىگۈل ناسىر، ياڭ شۇخەن، پەرزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىر سۈن فۇچۈەن)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)